# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ كىرگەندە: «بىز كەچ قىلدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا كەچ كىردى، ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاس، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھ بىر، ئۇنىڭ شېرىكى يوق» دەيتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ كىرگەندە: «بىز كەچ قىلدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا كەچ كىردى، ھەمدۇ ئاللاھقا خاس، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئاللاھ بىر، ئۇنىڭ شېرىكى يوق» دەيتتى. رىۋايەت قىلغۇچى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇ دۇئالاردا تۆۋەندىكىلەرنىمۇ دېدى دەپ قارايمەن: «پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ ئۇنىڭغا خاس، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىر. پەرۋەردىگارىم، سەندىن بۇ ۋە كېيىنكى كېچىدىكى ياخشىلىقنى تىلەيمەن، سەن بىلەن بۇ ۋە كېيىنكى كېچىدىكى يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم، سەن بىلەن ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم، سەن بىلەن دوزاختىكى ئازاپتىن ۋە قەبرىدىكى ئازاپتىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى، ئەتىگەن ۋاختىدا: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا تاڭ ئاتتى» دەيتتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەن ۋە كەچ ۋاقىتلىرىدا بۇ بەرىكەتلىك دۇئالارنى ئوقۇيتتى: «بىز كەچ قىلدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا كەچ كىردى، ھەمدۇ ئاللاھقا خاس، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق» يەنى: بىز كەچ قىلىپ، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇنىڭ ئاللاھقىلا خاس ئىكەنلىكىنى تونۇدۇق. يىگانە ئاللاھتىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق. «پەرۋەردىگارىم، سەندىن بۇ ۋە كېيىنكى كېچىدىكى ياخشىلىقنى تىلەيمەن، سەن بىلەن بۇ ۋە كېيىنكى كېچىدىكى يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى: پەرۋەردىگارىم، بۇ كېچىنىڭ ئۆزىدە ۋە كېيىنكى كېچىدە پەيدا بولىدىغان، يۈز بېرىدىغان ۋە تۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، سەن بىلەن بۇ كېچىلەردىن ۋە ئۇلاردىكى دىن ۋە دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن. «پەرۋەردىگارىم، سەن بىلەن ھورۇنلۇقتىن» يەنى: پەرۋەردىگارىم، سەن بىلەن قادىر تۇرۇپ تائەت-ئىبادەتكە سۇسلۇق قىلىشتىن، بۇ قىلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق كۆڭۈل ئىنتىلمەسلىكتىن بولىدۇ. «قېرىلىقنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى: كۈچ-قۇۋۋەت ئاجىزلاپ، ماغدۇر كېتىپ قالغۇدەك ياشىنىپ ۋە قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، ئۇ ئۆمۈرنىڭ ئەڭ يامان باسقۇچىغا يەتكۈزۈش بولۇپ، بۇنداق چاغدا ياشنىڭ چوڭلىقى ئەقىلنى كەتكۈزۈپ، پىكرى قالايمىقانلىشىپ، قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، تائەت-ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىدۇ، ھالى ئۇنىڭدىنمۇ ناچارلىشىپ، ھايات بىلەن مەقسەت قىلىنغان ئىلىم ۋە ئەمەل قولدىن كېتىپ قالىدۇ. «ب» نىڭ ساكىنى بىلەن «كِبْرِ» دەپمۇ رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، مەنىسى: «نېمەت ۋاقتىدا كۆرەڭلەپ، كىشىلەرگە چوڭچىلىق قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەن بولىدۇ. «قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن» يەنى: قەبرە ئازابىدىن ياكى شۇ ئازابقا سەۋەپ بولىدىغان ئەمەللەردىن پاناھ تىلەيمەن. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەندە يەنە شۇنى دەيتتى» يەنى: «كېچە» دېگەن سۆزنى «ئەتىگەن» دېگەن سۆزگە ئالماشتۇرۇپ: «بىز كەچ قىلدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا كەچ كىردى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ ھالدا تاڭ ئاتتى» دەيتتى، يەنە «كۈن» دېگەن سۆزنى «كېچە» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ: «بۇ كۈننىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن» دەپ كېيىنكى ئالماشلارنىمۇ ئالماشتۇراتتى